

بەگمەت يۇسۇپ

# ئاق بوز ئات

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

بەگمەت يۇسۇپ

# ئاق بوز ئات

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مەسئۇل مۇھەررىر / مەسئۇل كوررېكتور : مەلىكە ئابدۇقادىر

# ئاق بوز ئات

## بەگمەت يۈسۈپ


نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010—6429086
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2008 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2008 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 5.875
سانى : 2000 — 0001
باھاسى : 10.00 يۈەن

ISBN 978-7-105-09255-0/I・1917（维 276)

责任编辑
责任校对 ：美力克.阿不都卡的

图书在版编目(CIP)数据

白骏马：维吾尔文/拜格买提·玉苏甫著. —北京：民族出版社，2008.4
ISBN 978-7-105-09255-0

Ⅰ.白... Ⅱ.拜... Ⅲ...散文—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I267

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 060005 号

出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862 (维文室)
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2008 年6月第1版　2008 年6月北京第1次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：5.875
印　　数：0001 — 2000
定　　价：10.00 元

ISBN 978-7-105-09255-0/I·1917（维 276）

# نەسر ۋە بەگمەتنىڭ نەسرلىرى

يالقۇن روزى

بۈگۈنكى كۈندە نەسر ئىجادىيىتى بارلىق ئەللەر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ جانلىق، ئەڭ ئېتىبارلىق بىر ئەدەبىي ژانىرغا ئايلاندى، ئۇنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، شۇنداقلا تۈرلىرىمۇ كۆپ خىللاشتى.

نەسر ھەققىدىكى چۈشەنچە نىسبەتەن كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن، نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان (شېئىردىن باشقا) بارلىق ئەسەرلەرنى ئاتاشقا، يەنە بىر تەرەپتىن شېئىرىيەت، پروزا ۋە درامىدىن باشقا بارلىق تۈرلەردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئاتاشقا، ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن كىشلىك ھاياتنىڭ مەلۇم بىر تىپىك كۆرۈنۈشى ياكى تەبىئەتنىڭ مەلۇم بىر مەنزىرىسى قەلبتە پەيدا قىلغان ھاياجانلىق ھېس - تۇيغۇنى، پىكىر - تەسىراتنى لىرىك، ياكى ئېپىك ۋە ياكى لىرو - ئېپىك ھالەتتە ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر تۈرىنى ئاتاشقا ئىشلىتىلىدۇ. بىز ئادەتلەنگەن چۈشەنچىدىكى نەسر ئاتالغۇسى ئۇنىڭ ئۈچىنچى مەنىسىنى ئاتاش ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇ شېئىرىيەت، پروزا، دراما بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان مۇستەقىل بىر ئەدەبىي ژانىرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كۆرگەن -

ئاڭلىغانلىرىنى تەسۋىرلەپ، ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئەركىن ۋە جانلىق ئەدەبىي شەكىل.

نەسرىنىڭ مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، ئاپتورنىڭ ئادەمنى يېزىشى ياكى تەبىئەتنى تەسۋىرلىشى، «ئۆز ئىشى»نى ياكى «باشقىلارنىڭ ئىشى»نى بايان قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئاپتور ئۆز تەسىراتىنى چىقىش قىلىدۇ. بۇ خىل تەسىرات ـ شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتى ۋە ئالاھىدە ماھىيىتى جەھەتتىنمۇ بىر خىل بايقاش، شۇنداقلا ئۇ ئاپتورنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، روھىي كەيپىياتىنى پەرۋاز قىلدۇرۇش جەريانى. ئاپتورنىڭ تەسىراتى نەسردىكى ئىدىيۋى ھېسسىيات جەلب قىلارلىق بولۇشىنىڭ مەنبەسى.

نەسرىنىڭ شەكلىدىن ئېيتقاندا، نەسردە ئومۇمەن، ئالاھىدە تەبىئەت مەنزىرىسى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنىڭ بىر قىسمى، مەشھۇر ئەربابلار ياكى ئاددىي شەخسلەر ئىش ئىزلىرىنىڭ بەزى ئۈزۈندىلىرى يېزىلىپ، مەلۇم بىرخىل ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ. ئومۇمەن ئەركىن ئۇسلۇبتا يېزىش نەسرىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى. شۇڭا بەزى نەزەرىيەشۇناسلار نەسرنى «چېچىلاڭغۇ»، «پارچە ـ پۇرات»، جانلىق ۋە ئىختىيارىي بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان نەسرچىلەردىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، نۇرمۇھەممەت توختى، ئەخمەت ئىمىنىدىن

ئىبارەت تۆت قەلەمكەشنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ ساھەدە ئىزچىل قەلەم تەۋرىتىپ، تىنىمسىز ئىزدىنىپ كۆزگە كۆرۈنگەن نەسرچىلەردىن ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئابدۇقادىر جالالىدىن، خالىدە ئىسرائىل، ئەنەيتۇللا قۇربان، ئەنۋەر تاشتۆمۈر، قۇربان ئەمەت، ئوسمان قاۋۇل، بەگمەت يۈسۈپ، ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى، ئىبراھىم ئالىپ تېكىن قاتارلىقلارنى ساناشقا بولىدۇ.

«نادان مۇخلىسلار»، «رىۋايەت ئارىلى» ۋە قولىمىزدىكى مەزكۇر توپلامنىڭ مۇئەللىپى بولغان بەگمەت يۈسۈپ نەسرچىلىكىمىزدە ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، ئۇسلۇب شەكىللەندۈرۈش سەپىرىدە جىددىي ئىلگىرىلەۋاتقان نەسرچى.

بەگمەت يۈسۈپنىڭ نەسرلىرىنى كۆرگەن ئوقۇرمەنلەر، ئۇنىڭ نەسرلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك روشەن ئالاھىدىلىكلەرنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

1. ئۆزلۈك تۇيغۇسى كۈچلۈك. قارايدىغان بولساق، بەگمەت يۈسۈپ نەسرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، ماكان ـ زامان چېگرىسى بۇزۇپ تاشلانغان، ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئادەم، ۋەقە، ھادىسە، جان ـ جانىۋار، ئوي ـ خىيال، تارىخ ۋە رېئاللىق، بۈگۈن ۋە كېلەچەك، ئارزۇ ۋە غايە، ئىپتىخار ۋە ئىشەنچ، مۇھەببەت ۋە نەپرەت... گىرەلىشىپ كەتكەن. بىر قارىسا ئۇنىڭ نەسرلىرى ئايرىم ـ ئايرىم تېمىلاردا يېزىلغاندەك قىلغان بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. بۇ نەسرلەر بىزگە قەلب دۇنياسى

تىنىمسىز چايقىلىپ تۇرغان ، تەپەككۇرى چاقناپ تۇرغان ،
ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان ، ھەممە نەرسىدىن ئۆزلۈكـ
ـنى ئىزدەۋاتقان بەگمەتنى نامايان قىلىدۇ . مەسىلەن ، «تىل»
دېگەن نەسرىدە مۇنداق يېزىلغان :

«ئاخشام بىر ناخشا ئاڭلىدىم ، بۇ توردىكى چەت ئەلـ
ـچە ناخشا . ناخشىنىڭ مېلودىيىسى يېقىملىق بولغىنى
بىلەن مەن ئۇنىڭدىن ھېسسىي ھۇزۇرلاندىم . بىراق ، ئەقىل
ھۇجەيرىلىرىم تېڭىرقاپ ، ۋۇجۇدۇمنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە
لەرزىگە سالدى . لەرزى ئېچىنىشلىق ئازاب ئىدى . چۈـ
شىنىش ھالقىلىرىمغا دەھشەت بىلەن ئۇرۇلغان ئازاب ئىـ
ـدى .

مەن پۇچۇلماقتىمەن ، قەسىدە يا مەرسىيىدىن ئىزنا
بەرمىگەن ئاڭلاش سەزگۈلىرىم ئاسىيلىق ياكى ئىخلاسـ
ـمەنلىك يولىغا مېڭىۋاتامدۇ بۇنى بىلمىدىم . چۈشىنىدىـ
ـغان ھەرىپلەردىن تۈزۈلمىگەن تىلنى مېنىڭ نىجادكارىم
دېيىش مۇمكىنمۇ ؟»

«باشقىلارنىڭ نۇر زىياسى ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئەرك
ئەڭگۈشتىرىم بولالمايدۇ .»

دېمەك ، بەگمەتنىڭ نەزرىدە بارلىق شەيئى ۋە ھادىـ
ـسىلەر ، ۋەقە ۋە تەسىراتلار ئۆزلۈكنى تاۋلايدىغان ، ئۆزـ
لۈكنى ئىزدەيدىغان ، ئۆزلۈكنى چاقنىتىدىغان ، ئۆزلۈكنى
ئويغىتىدىغان ۋاستىدىن ئىبارەت . مەيلى ئۇ پويىزدا روبىرو
ئۇخلىسۇن ، قارامايدا قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئاڭلىسۇن ، تۇـ
غۇلغان كۈنىنى تورپاندا ئۆتكۈزسۇن ، ئوغلىغا نەسىھەت

قىلسۇن، يىراقتا يالغۇز قالسۇن... ئوخشاشلا ئۆزلۈك ئىپتىغا يۈزلەنگەن قىياپەتتە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. شۇ تەرىقىدە قۇمۇل بىلەن سۆزلىشىدۇ، ئۇيغۇر بىلەن سۆزلىشىدۇ، كائىنات بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئۇ «ۋاقىتنامە»دە مۇنداق يازىدۇ:

«كىملەر دوست، كىملەر دۈشمەن، كىملەر قەستلىگۈچى، كىملەر ئىجادكار پەقەتلا ئاڭقىرالمىدىم. تۇرمۇش پەلسەپەسىنىڭ ۋاراقلىرى يىرتىلىپ ئاجايىپ ئاجىز، ئىمجان نادانغا ئايلىنىپ قالدىم. ھاياتلىق خاتىرەمنىڭ بەتلىرى بىر مەزگىل ئەنە شۇنداقچە ئاق قالدى.

مەن بىر ئىجادلىق يولىغا موھتاج، كۆزۈمدىن بىر تامچە ياش ئاقمىسىمۇ، كۆڭۈل كوچىلىرىمنى چىلىق - چىلىق ھۆلچىلىك قاپلىدى.»

ھەقىقەتەنمۇ تۇرمۇش مۇرەككەپ، ھايات يولى ئەگرى - توقاي. ئۇ سىزنى گاھىدا كۈلدۈرىدۇ، گاھىدا يىغلىتىدۇ، گاھىدا كولدۇرلىتىدۇ، گاھىدا تەنتەنە قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ قىسمەتلىرى تۈگىمەستۇر. ئەمما، ئىجادلىق يولىغا تەلپۈنگەن، ئۈمىدىنى يوقاتمىغان، ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرمىغان روھ بارا - بارا يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ. مانا بۇ ئىنسانىي روھنىڭ كامال تېپىشىدۇر. دانىشمەنلەر بۇنى «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار»، «ئۆزلۈكنىڭ غەلىبىسى ھەقىقىي غەلىبە ھېسابلىنىدۇ» دەپ يىغىنچاقلىشىدۇ.

بەگمەتنىڭ ھەر بىر ئەسرىدە ئۇنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇ-

سىنىڭ روشەن ئىزناسىنى چېلىقتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇ بەزىدە تېڭىرقىغان ھالەتتە، بەزىدە ئۆكۈنگەن ھالەتتە، بەزىدە غالجىرلاشقان ھالەتتە، بەزىدە مېھرى ـ مۇھەببەتتى تولۇپ تاشقان ھالەتتە، بەزىدە ھېچنېمىنى پەسەنتىگە ئالمايدىغان دەرىجىدە مەغرۇر ھالەتتە چېلىقىدۇ.

2. تىل تۇيغۇسى كۈچلۈك. ئەدەبىيات ـ تىل سەنئىتى! بۇ بىر ئومۇمىي چۈشەنچە. ئەمما، تىل كۆپ قاتلاملىق چۈشەنچە، ئۇنى تىلشۇناسلار بىرخىل، ئەدىبلەر بىرخىل، پسىخولوگلار بىرخىل، سىياسىئونلار بىرخىل، ئىنقىلابچىلار بىرخىل چۈشىنىدۇ. ھەر كىم ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىشىدۇ. بەگمەت ئۇنى يەنە باشقا بىرخىل مەنىدە چۈشىنىدۇ. ئۇ «تاغلار ئىچىدە يانغان ئەكس سادا ھەرگىزمۇ ۋارقىرىغۇچىنىڭ ئەينى ئاۋازى ئەمەس. ئۇنىڭغا تاش، شامال ۋە يېنىشنىڭ ئېلېمېنتلىرى قوشۇلغان. شۇڭا ئۇنىڭ ھەيۋىسى تېخىمۇ ئاشقان ـ دە!» دەپ قارايدۇ. («ۋاقىتنامە»دىن)

بەگمەتنىڭ نەسرلىرىدىكى تىل تىلنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئۆزگەرگەن، كېڭەيگەن، يىلتىز تارتقان، چېچەك ئاچقان، كۆلگەن، يىغلىغان، كۆيگەن، دولقۇنلىغان تىل! ئۇ گاھىدا يېلىنجىغان ئوت، گاھىدا چاقنىغان خەنجەر!

بەگمەتنىڭ تىلى «بوران تۆكۈۋەتكەن گۈل ـ چېچەكلەردۇر، شاماللار ئېلىپ قاچقان گۈل بەرگىلىرىدۇر»، ئۇلار ئۇچۇپ ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ قەلب ئېتىزلىرىغا كۆمۈلۈپ، ئاشۇ يەردە يېڭى ھاياتنى باشلايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا

ئورخۇن ۋادىلىرىدىن باشلانغان دىلكەشلىكنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى ناخشىسى ياڭرايدۇ . بۇ ناخشا ھەر بىر ۋۇجۇدنى كۆيدۈرىدۇ ھەم كۈلدۈرىدۇ . ھەر كىم بۇ ناخشىنى كۆزلىرىدىن پۇرۇلداپ ياش قۇيۇلغان ھالدا ، چوغدەك قىزغىنلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتىدۇ . دېمەك ، بەگمەتنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ نەسرلىرىدە ئىشلەتكەن تىلى تىلنىڭ ئادەتتىكى لۇغەت مەنىسىدىن ھالقىغان تىلدۇر . مۇنداقچە ئېيتقاندا تارىختۇر ، ۋەتەندۇر .

2007 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى



此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە

نەسر ۋە بەگمەتنىڭ نەسرلىرى ......... يالقۇن روزى
چۈش ............................ ( 1 )
مەن سىنىڭكى بىردىنبىرىڭ مەن ........... ( 3 )
ئەتىلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ياشايلى ........... ( 5 )
تۆشۈك قالقان ............................ (11)
تور ئاپىتى—20 يىل بۇرۇنقى گۇناھ ........... (13)
روھنى راھەتلەندۈرۈش ........................ (21)
پويىزدا روبىرو ئۇخلاش ........................ (23)
ئۆزۈمگە ھەيرانمەن ........................ (25)
تۇرپاندا ئۆتكەن تۇغۇلغان كۈنۈم ........................ (27)
قۇمۇلدا قۇربان ھېيت ........................ (31)
دېڭىزنىڭ ئاۋازى ........................ (33)
قۇمۇلچە ماختاش ........................ (35)
قاراماىدا قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئاڭلاش ........... (37)
ئۇخلاشتىن بۇرۇن ........................ (39)
شېرىن سۆز ........................ (41)
ئاق بوز ئات ........................ (43)
قۇمۇل قوغۇنى ........................ (46)
تاغ توپىسى ........................ (48)
تارىخنىڭ چوڭقۇر مېھرى ........................ (50)

ئاشىقىم ........................ ( 52 )
نان ھەققىدە نەسر ................ ( 54 )
خاسىيەتلىك تەم — كۆكتات پۇرىقى ........... ( 56 )
ۋاقىتنامە (چاتما) ........................ ( 58 )
مۇھەببەتنىڭ ئۇندەش بەلگىسى ............. (102)
قايتالمايمەن ......................... (105)
تىل ............................... (109)
تۇمەن قېتىم سۆيۈلۈش .................. (111)
ئوغلۇمغا نەسىھەت ..................... (114)
بىز يەنە كۆرۈشەلەمدۇق ................ (115)
سېنتەبىر قايغۇسى ..................... (117)
شىمال لىرىكىسى ...................... (119)
شەرق لىرىكىسى ...................... (120)
غەرب لىرىكىسى ...................... (121)
جەنۇب لىرىكىسى ...................... (123)
ئېھ ، مېنىڭ يامان گەپلىرىم ............. (126)
دوختۇرخانا ھەققىدە گادىرماچ خىياللار .......... (129)
قۇمۇلدىكى بەش شەھەر چۇشى ................ (133)
ئۇيغۇر كىيىمى (1) ..................... (138)
ئۇيغۇر كىيىمى (2) ..................... (140)
ئۇيغۇر كىيىمى (3) ..................... (143)
دېھقان ئانا ......................... (145)
يىراقتا يالغۇز قېلىش .................. (150)
ئېھ ، مېنىڭ سۆيۈملۈك دۈشمىنىم .......... (152)

تاشنىڭ كۆلكىسى ........................ (156)
ھەيرانلىق ........................ (158)
چاۋاك خاتىرىسى ........................ (160)
ئىناقلىق غېمى ........................ (166)
قۇمۇل ........................ (169)

# چىۋىن

جىمجىتلىق ئىچىدە چىۋىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭ قانداق قىلىپ خانەمگە كىرىپ قالغانلىقى نامەلۇم. كىتابلىرىم ئارىسىدا دۇنيانى كەزمەكتە ئىدىم، ئۇ ھامان مەن تامان ئايلىنىپ دىققىتىمنى بۇزاتتى. ئۇ گويا ھېچنەرسە قىلالمىسىمۇ، لېكىن دىققىتىمنى، ئىچكى دۇنيايىمنىڭ رىتىمىنى بۇزاتتى. مەن ئۇنى قوغلىۋەتسەم يەنە كېلىۋالاتتى، گاھىدا دىققەتسىزلىكتىن چىۋىننى ئۇردۇم دەپ ئۆزۈمنى ئۇرۇۋالاتتىم. ئۆزۈمنى ئۇرۇۋالغانسېرى ھېلىقى ۋالاقتەككۇر، پالاقتەككۇر چىۋىندىن ئەپسانىلەرچە بىزار بولاتتىم. مەن ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلمىدىم ياكى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ ئۆزۈمنىڭ تىنچ دۇنياسىغا قايتالمىدىم، ئۇ ياشاۋەردى، مەن بىزار بولىۋەردىم.

ئەلۋەتتە، مەن ئۇنىڭ ھاياتىغا دەخلى قىلمىغان ئىدىم. ئۇ ئۆزىگە تەۋە ئوزۇقنى نىجاسەت ئىچىدىنمۇ تاپالايتتىغۇ، ئۇ نېمىشقا قەستەن پاكىزلىقنى مەينەت قىلىماقچى بولىدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى. ئۇ ئەنە شۇنداق نىجىس خاراكتېرى بىلەن ياشاشقا ئادەتلەنگەن. ئىنسانلار

شۇڭا ئۇنىڭدىن بىزار، بىراق، ئۇ بىزار نەرسىلەرگە ئامراق. ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ ئەنە شۇنداق پالاقتەككۈر چىۋىنغا ئوخشاش غىڭشىپ تۇرۇپ ياشايدىغانلار بار. ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل مىجەزى ئانا سۈتى بىلەن كىرگەن بولسا كېرەك ۋۇجۇدىغا!



# مەن سېنىڭكى بىردىنبىرىڭ مەن

قىش سوغۇقى، ئارىمىزدا پايانسىز ئوكيان، ئوكيان ئارا ئۈزەر قارشى قىرغاقنى دەپ چوغبېلىق. ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز لىرىك مىسرالىرى بار قەلبىدە ئوكياندىنمۇ كەڭ، ئوكياندىنمۇ چوڭقۇر مەنە خەزىنىسى، تۇتاشتۇرار بىر لىنىيە ئىللىق سېزىم، بىر ياڭراق ناخشا پاك مۇھەببەتنىڭ ئۆمۈر تەلقىنى. ئاينىڭ كۆزى بولسا كۆرەر، يۇلتۇزنىڭ قۇلىقى بولسا ئاڭلار، يەرنىڭ سېزىمى بولسا ئويغاق بولسا تۇيار. ئاھ، ھاياجان ئىچىدە مۇزلار ئېرىپ دولقۇنلار ياش تۆكەر، ئايرىلىشتىن ئۆلمىگەن ئەقىدىلەرگە گۈل چېچەك ئۈنەر...

تومۇز ئاپتاپلىرىدا ئەسلىمەڭ مەيىن شامال، تامچىلاپ ئاققان تاغ سۈيى. چۆللەر ئارا بىر يولىمىز بار جىسمىمىز ماڭالماس، روھىمىز بارار. ئالقان- ئالقان ئىزگۈ تىلەكلەرنى ئېلىپ ۋۇجۇدلار تامان.

بىز ياشايمىز، ياشىدۇق شۇنداق «مەن سېنىڭكى بىردىنبىرىڭ» دەپ. بىزنى بۇنچە سۆيگۈگە ئىگە قىلغان نېمە ئۇ؟ نىيەت بىرلىكى، كۆڭۈل ئىجىللىقى، غايە سەزگۈرلۈكى، پىكىر مۇنازىرىسى ئەڭ ئاخىرى كۆك سەپىرىگە تۈرتكە بولۇشلار. بۇلار تېخى ئاددىي ھېسابات—



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com